# سودا زومىگەرلىكى دۇنيا ئىقتىسادىنى خەتەرلىك ئەھۋالغا سۆرەپ كىرىدۇ

□ جۇڭ شېڭ

ئامېرىكا تەرەپ يېقىندا جۇڭگونىڭ ئامېرىكىغا ئېكسپورت قىلىدىغان تاۋارلىرىدىن قوشۇپ ئالىدىغان تاموژنا بېجى نىسبىتىنى ئۆستۈرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ سودا زومىگەرلىك ماھىيىتىنى ئاشكارىلىدى. پۈتۈن يەر شارى مىقياسىنى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىدىغان تەشۋىشلىنىش كەيپىياتى قاپلىدى: مورگان ستانلى شىركىتى ئانالىز قىلىپ، ئامېرىكا تاموژنا بېجىنى 25%كە ئۆستۈرسىلا، پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى تامامەن 2.5%تىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ، دەپ كۆرسەتتى؛ بېلگىيە جۇڭگو ئىقتىساد ـ سودا كومىتېتىنىڭ رەئىسى دېۋېت ئامېرىكىنىڭ «تاموژنا بېجىنى قوراللاشتۇرۇش» سىياسىتى يەر شارىۋى سودا توسۇقىنى كۆپەيتىپ، سودا سوممىسىنى تۆۋەنلىتىپلا قالماي، يەنە سەلبىي ئۈلگە كۆرسىتىش ئۈنۈم ئېففېكتى پەيدا قىلىپ، يامان خاراكتېرلىك رىقابەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئاخىردا يەر شارىۋى ئىقتىسادنى پاتقاققا سۆرەپ كىرىدۇ، دەپ قارىدى.

ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر كۆپ تەرەپلىك سودا قائىدىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرى بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىپ، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدا داۋالغۇش پەيدا قىلىپ، خەلقئارا سودا ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزبېشىمچىلىقى ئىقتىسادىنىڭ يەر شارىۋىلىشىش ئېقىمىغا قارشى ھەرىكەت قىلغانلىق، بازار رىقابىتى پرىنسىپىغا زىت يول تۇتقانلىق بولۇپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ چېكىنىش خەۋپ ـ خەتىرىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇۋەتتى. ئۆزئارا سىڭىشكەن، بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان دۇنيا ئىقتىسادىي كەسىپ ئەندىزىسىدە قورۇقچىلىق، بىر تەرەپچىللىك بىلەن سۈنئىي ئۇسۇلدا ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلاش ۋە قارشىلىشىش پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنۇش رېئاللىققا زىت، شۇنداقلا ئاقمايدۇ. ئامېرىكا «نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى» تور بېكىتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان بىر خەۋەردە مۇنداق ئەمەلىي مىسال كەلتۈرۈلگەن — «ئالما شىركىتى يېقىندا تېكساس ئىشتاتىدا ئاز مىقداردا يۇقىرى دەرىجىلىك كومپيۇتېر ئىشلەپچىقارماقچى بولغان، لېكىن ئامېرىكىدىن بارلىق تېپتىكى ۋىنتا بىلەن تەمىنلەيدىغان تەمىنلەش سودىگىرىنى تاپالمىغان».

بارغانسېرى كۆپ بىلىملىك زات تەكىتلەپ ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىلمىشىنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ئەقىلسىزلىق قىلمىشى بازار ئىشەنچىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، يەر شارىۋى پۇل مۇئامىلە بازىرىدا داۋالغۇش پەيدا قىلدى، دېدى. دۇنيا بانكىسى، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى، دۇنيا سودا تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارا ئاپپاراتلار قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ ئەگەر سودا ئۇرۇشى سىجىل كۈچەيسە، يەر شارىۋى ئىقتىسادقا تېخىمۇ زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، دېدى. يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن يەتتە دۆلەت گۇرۇھى باشلىقلار يىغىنىدا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق كۆپ دۆلەت رەھبەرلىرى بىردەك ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشىنى قوزغىغانلىقىدىن چوڭقۇر ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى؛ ياۋروپا كېڭىشىنىڭ رەئىسى تۇسك ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئامېرىكا بىلەن باشقا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دەرىجىسى ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان سودا جىددىيلىكى مۇناسىۋەتتى دۇنيانى چېكىنىشكە سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن» دېدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا، كۆپ تەرەپچىللىك يەككە تەرەپچىللىكنىڭ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش نۆل يىغىندىلىق تىركىشىشنىڭ ئورنىنى ئېلىشى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تارىخىي زور يۈزلىنىش. ئامېرىكا تەرەپتىكى بىر قىسىم كىشىلەر كونا تەپەككۇر بىلەن زور يۈزلىنىشكە قارشىلىق كۆرسىتىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزۈپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق بەخت ـ سائادىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

**(2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

# ئالدىنقى يەتتە ئايدا شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 13.3% ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈرۈمچى تاموژنىسى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئالدىنقى يەتتە ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك سودا شەكلىدە ئوخشاشلا بىرقەدەر زور ئېشىش بولغان. چېگرا ئاز سوممىلىق سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 44 مىليارد 110 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.5% ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 58%نى ئىگىلىگەن؛ ئادەتتىكى سودا ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 27 مىليارد 640 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 21.8% ئاشقان. تاموژنا ئالاھىدە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش رايونى ئەشيا ئوبوروتى ماللىرىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 610 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 130% ئاشقان؛ باجدىن خالىي نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان سورۇنلاردىكى چېگرادىن كىرگۈزۈلىدىغان ـ چىقىرىلىدىغان ماللارنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ئومۇمىي قىممىتى 790 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 29.2% ئاشقان.

دۆلەت پەرقىدىن قارىغاندا، قازاقىستان جۇڭگو شىنجاڭنىڭ بىرىنچى چوڭ سودا ھەمراھلىق ئورنىنى داۋاملىق مۇقىم ساقلاپ كەلگەن، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورتىنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئالدىنقى يەتتە ئايدا، قازاقىستان بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت 34 مىليارد 830 مىليون يۈەن بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 17.2% ئاشقان؛ قىرغىزىستان بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت 10 مىليارد 670 مىليون يۈەن بولغان؛ رۇسىيە بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت 5 مىليارد 410 مىليون يۈەن بولغان. ئوخشاش مەزگىلدە، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئاۋستىرالىيە، ئارگېنتىنا، جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن بولغان ئىمپورت ـ ئېكسپورتىنىڭ ئېشىش يۈزلىنىشى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، سودا ئوبيېكتى كۆپ مەنبەلىشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلگەن.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، ئالدىنقى يەتتە ئايدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودىدا تەكشى، مۇقىم ئېشىش ۋەزىيىتىنى ساقلىشى ئىچكى ـ تاشقى ئامىللارنىڭ ئۈنۈملۈك تەسىرىدىن بولغان. دۆلەت ئىچىدىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىمۇ تەكشى، مۇقىم ئايلانغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا تەرەققىياتىغا كۈچلۈك تىرەك بولغان. خەلقئارادىن قارىغاندا، جۇڭگو شىنجاڭ بىلەن ئاساسلىق سودا قىلىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى تەكشى، مۇقىم ئاشقان، تاشقى مۇھىت تاشقى سودىنىڭ ئېشىشىغا پايدىلىق بولغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىل، خوتەن ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، تارىم دەرياسى ئېقىن رايونى توغراقلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنى قوزغىتىپ يولغا قويۇپ، خوتەن دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان يۇرۇڭقاش دەرياسى، قاراقاش دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەن مەزگىلدىن پايدىلىنىپ، ئېقىن رايونىدىكى سۇ كەمچىل توغراقلىققا سۇ باشلاپ، كەڭ كەتكەن توغراقلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا رايون ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

«بىز 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن تارتىپ كەلكۈننى باشلاپ سۇغاردۇق، ھازىر ئۈنۈمى ناھايىتى روشەن بولدى» دېدى لوپ ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى توغراقلىق باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ مۇئاۋىن پونكىت باشلىقى ئىمىنتوختى مەمتىمىن تونۇشتۇرۇپ. لوپ ناھىيەسىدىكى ھاڭگىيا دارۋان دۆلەت دەرىجىلىك ئاممىۋى مەنپەئەت ئورمىنىنى باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتى باشقۇرۇپ، قوغداپ كېلىۋاتقان كۆپ جايدىكى توغراقلىقتا، كەلكۈن سۈيى دەرەخلىكتىن ئېقىپ ئۆتكەنىدى؛ بۇلتۇر كەلكۈن باشلاپ سۇغىرىدىغان كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭىنىڭ ئەتراپىدىكى توغراق، يۇلغۇنلار بۈك ـ باراقسان ئۆستى، بۇلتۇر كەلكۈندىن پايدىلىنىپ يېتىشتۈرۈلگەن يۇلغۇن كۆچەتلىرى ھازىر ئادەمنىڭ تىزىغىچە ئۆستى.

بۇ يىل، لوپ ناھىيەسى كەلكۈننى باشلاپ 55 مىڭ مودىن ئارتۇق توغراقلىقنى سۇغىرىشنى پىلانلىغان بولۇپ، نۆۋەتتە ئىلگىرىلەش ئوڭۇشلۇق بولماقتا. قاراقاش ناھىيەسى بۇ يىل كەلكۈننى باشلاپ 100 مىڭ مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرىشنى پىلانلىدى. نۆۋەتتە، ھەرقايسى جايلار كەلكۈن مەزگىلدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق تۈگۈن نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، كەلكۈننى باشلاپ سۇغىرىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى زورايتىپ، تېخىمۇ كۆپ كەلكۈن سۈيىنى توغراقلىق رايونغا باشلاش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

چېن باۋجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: كۆپ يىلدىن بۇيان، خوتەن ۋىلايىتى كەلكۈن سۈيىدىن پايدىلىنىپ توغراقلىقنى سۇغىرىشتا ئىزچىل چىڭ تۇردى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ، تېخنىكا مەدەتتىگە ئېرىشكەچكە، خىزمەتتە ئىلگىرىلەش تېز بولدى، ئۈنۈم تېخىمۇ روشەن بولدى. بەزى رايونلاردا توغراق، يۇلغۇن، ياۋا ئوت ـ چۆپ قاتارلىقلار بىرقەدەر تولۇق بولغان ئېكولوگىيە سىستېمىسى شەكىللەندى. ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ياخشىلانغاندىن كېيىن، ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن پەيدا بولدى، بەزى كەنتلەرنىڭ ئەتراپىدا ھەتتا تەبىئىتى قورقۇنچاق، سەزگۈر قىرغاۋۇل توپلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان بولدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كۈز پەسىللىك ئوقۇش باشلاش تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، يېڭى ئوقۇش يىلىدا پۇختا باشلىنىش، پۇختا قەدەم ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئوقۇتقۇچىلار، دەرسلىك، دەرسخانا، ئوقۇتۇش بايلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، ئارقا سەپ كاپالىتى خىزمىتىنى ئەتراپلىق، ئىنچىكە، ياخشى ئىشلەپ، كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يېڭى ئوقۇش مەۋسۈمىدىكى خىزمەتلەرگە ئاتلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭى ئوقۇش مەۋسۈمىدە ئوقۇش باشلاشنى پۇرسەت بىلىپ، ئوقۇش باشلاش تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى پارتىيە تارىخىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تارىخىنى، مەكتەپ ئەھۋالى، مەكتەپ تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت زور ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرى بولۇشقا ئىرادە باغلاشقا يېتەكلەش كېرەك. بىخەتەرلىك ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، بىخەتەرلىك باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك تەدبىرلەرنى كەم ـ كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىكنى مەنبەدىن تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ بىخەتەرلىك، مۇقىملىق خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش كېرەك. بەلگىلىمىگە، ئىنتىزامغا خىلاپ مەكتەپ باشقۇرۇش ھەرىكىتىنى قاتتىق چەكلەپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «يۈكنى يېنىكلىتىش»كە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى قاتتىق تۇتۇپ، خەلق رازى بولىدىغان مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «قانداق ئادەم تەربىيەلەش، ئادەمنى قانداق تەربىيەلەش، كىم ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش»تىن ئىبارەت بۇ تۈپ مەسىلىگە ھەقىقىي ياخشى جاۋاب بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىختىساسلىقلار ۋە ئەقلىي تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك. سىياسىي قۇرۇلۇشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، مەكتەپ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئوقۇغۇچىلار بارلىكى جايدا پارتىيەنىڭ تەشكىلاتى بولۇش، مائارىپ بولغانلىكى جايدا پارتىيەنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى مەكتەپنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ جان تومۇرى قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەت قوشۇنىنى كۈچلۈك سەپلەپ، «ئۈچكە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ياخشى بولغان ئوقۇتقۇچىلار ئەخلاقى، ئوقۇتقۇچىلار ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارغا غەمخورلۇق قىلىش، كۆيۈنۈش سالمىقىنى زورايتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئېسىل ئەنئەنىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى زىچ چۆرىدەپ، «مەن ۋە ۋەتىنىم» ئاممىۋى خاراكتېرلىك باش تېمىلىق تەشۋىق ـ تەربىيە پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى، بولۇپمۇ ياشلار، ئۆسمۈرلەرنى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

## لىيۇ يىڭجۈن:

# ئۆركۈپ كەتكەن ئاتنى باتۇرلارچە توسۇپ، ئۆسمۈرلەرنى قۇتقۇزغان لېي فېڭچە ياخشى جەڭچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭچۈن، 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر شاۋ مېيچى)** چاڭچۈن شەھەرلىك 18 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە، ھەر يىلى ئوقۇش باشلانغان تۇنجى كۈن «يىڭجۈن كۈنى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوقۇغۇچىلار قۇربان لىيۇ يىڭجۈن توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى قايتا ئەسلەپ، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ. قەھرىماننىڭ ئانا مەكتىپىگە «يىڭجۈن ئوتتۇرا مەكتىپى» دەپ نام بېرىلىپ، قۇربان لىيۇ يىڭجۈننىڭ ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش، ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالاشتەك روھىغا ۋارىسلىق قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ھايات ۋاقتىدا يازغان كۈندىلىك خاتىرە مەكتەپتە كۆرگەزمە قىلىنىپ، كېيىنكىلەرنى كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىرادە تىكلەشكە، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىشقا ھەر دائىم ئىلھاملاندۇرۇپ كەلمەكتە.



لىيۇ يىڭجۈننىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

لىيۇ يىڭجۈن، 1945 ـ يىلى تۇغۇلغان، جىلىن چاڭچۈندىن. 1960 ـ يىلى چاڭچۈن شەھەرلىك 18 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن، 1962 ـ يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان.

لىيۇ يىڭجۈن ھەربىي سەپكە قاتناشقاندىن كېيىنكى ئىككىنچى يىلى دەل ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئۇلۇغ چاقىرىقنى چىقارغان ۋاقىتقا توغرا كەلگەن. ئۇ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا لېي فېڭنى ئۈلگە قىلىپ، لېي فېڭچە جەڭچى بولۇش ئىرادىسىگە كەلگەن. ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «بىر ئادەم مەيلى قانچىلىك ئۇزاق ياشىسۇن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى پارتىيەنىڭ شانلىق كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلانغان بولسا، ئۇنداقتا چەكسىز شەرەپلىك بولىدۇ، قىممەتلىك بولىدۇ. لېي فېڭ قىلالىدى، مەنمۇ قىلالايمەن».

لىيۇ يىڭجۈن لېي فېڭدىن ئۆگىنىشتە سۆز ـ ھەرىكەتتە بىردەك بولغان، ئىشنى ئەڭ كىچىك ئىشلاردىن باشلىغان، ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن باشلىغان. لېيەندۈيدە ئۇ «ئىشتىن سىرتقى رېمونتچى» بولۇپ، لېيەندۈيدىكى ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلار، ئىشىك ـ دېرىزىلەر بۇزۇلسا تەشەببۇسكارلىق بىلەن رېمونت قىلغان. دوختۇرخاندا ياتقاندا، ئۇ «ئەمگەك قىلىپ دەم ئالغۇچى» بولۇپ، كېسەللەرگە ياردەملىشىپ سۇ ئەكېلىپ بەرگەن، تاماق توشۇغان، تېببىي خادىملارغا ھەمكارلىشىپ يەر سۈپۈرگەن، گارشوكلارنى يۇيۇپ تازىلىغان. كاماندىروپكىغا چىققاندا، ئۇ «خالىس خىزمەتكار» بولۇپ، قېرىلارنى يۆلەپ، بالىلارنى يېتىلەپ، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ئالدىراپ، يول بويى ياخشى ئىش قىلغان. قىسىم تۇرۇشلۇق جايدا، ئۇ ئەتراپتىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «مەكتەپ سىرتى يېتەكچىسى» بولۇپ، دائىم كىچىك دوستلارغا سىياسەت دەرسى ئۆتكەن، يەنە ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ياردەم پۇلىغا مەكتەپكە ئىنقىلابىي قەھرىمان شەخسلەرنى تەشۋىق قىلىدىغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئېلىپ بەرگەن. ئۇ خۇددى لېي فېڭغا ئوخشاش بىكار تۇرمايتتى، بوش ۋاقتى بولسىلا ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بېرەتتى. بىر قېتىم لېيەندۈي يېزىدا تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئۇ كەنتتە ياشىنىپ قالغان، تېنى ئاجىز، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار بىر جۈپ ئەر ـ خوتۇننىڭ بارلىقىنى بايقاپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا بۇ بوۋاي ـ مومايىنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇنىنى يېرىپ، تازىلىقىنى قىلىپ بەرگەن، كېتىش ئالدىدا يەنە ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، بۇ بوۋاي ـ مومايغا كۆكتات ئورىسى كولاپ بەرگەن. ئۇمۇ خۇددى لېي فېڭدەك ياخشى ئىش قىلسا ئىسمىنى قالدۇرمىغان. دائىم جامۇس شەھىرىنىڭ غەربىي رايونىدا ھېلى ئۇ ئائىلىگە ياردەملىشىپ ئاشلىق سېتىۋالسا، ھېلى بۇ ئائىلىگە ياردەملىشىپ سۇ توشۇپ بەرگەن، لېكىن ئامما باشتىن ـ ئاخىر ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن.

1966 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، لىيۇ يىڭجۈن تۇرۇشلۇق زەمبىرەكچىلەر لىيەنى جامۇس شەھەر ئەتراپى رايونىدا مەشىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. ئۈچ زەمبىرەك ھارۋىسى يولدىكى ئاپتوموبىل بېكىتىگە يېقىنلاشقاندا، سۈرئەتنى ئاستىلاتقان، چۈنكى بۇ يەردە ئادەم كۆپ، ھارۋىلار قالايمىقان بولۇپ، ئاتنىڭ ئاممىنى سوقۇۋېتىش خەۋپى بار ئىدى. لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر زەمبىرەك ھارۋىسىدىكى ئىچ ئات ئاپتوموبىلنىڭ لاپا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بېشىنى بۇراپلا قاچقان، ھارۋا بىلەن ئات ئۇدۇللا ئامما تەرەپكە قاراپ ئېتىلغان، ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. زەمبىرەك ھارۋىسىنىڭ ئۇلاغچى ئەسكىرى بولغان لىيۇ يىڭجۈن ئۆركۈپ كەتكەن ئاتنىڭ بويىنى مورىسى بىلەن تىرىۋالغان. ئۆركۈپ كەتكەن ئات يولنىڭ سول تەرىپىدىكى چىغىر يولغا بۇرۇلۇشقا مەجبۇر بولغان. لىيۇ يىڭجۈن ئارغامچىنى چىڭ تارتقان بولسىمۇ، ئۆركۈپ كەتكەن ئات داۋاملىق ئالدىغا قاراپ چاپقان. ئامما ۋارقىراپ، ئۇنىڭغا تېزدىن ئارغامچىنى قويۇۋېتىشنى ئېيتقان. بۇ چاغدا، زەمبىرەك ھارۋىسىغا يېقىنلا يەردە ئالتە ئۆسمۈر بار بولۇپ، ئۇلار چېپىپ كېلىۋاتقان ئۆركىگەن ئاتتىن قورقۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان. بۇ خەتەرلىك پەيتتە، لىيۇ يىڭجۈن ئۆزىنىڭ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئارغامچىنى بىلىكىگە كۈچەپ بىرنەچچىنى ئوراپ، ئاندىن كۈچەپ تارتقان، ئۆركىگەن ئاتنىڭ ئالدى تۇياقلىرى ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن. ئارقىدىنلا ئۇ ئىككى پۇتىنى ئاتنىڭ ئارقا پۇتىغا تىرەپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆركىگەن ئاتنى تېپىپ يىقىتقان. ئالتە ئۆسمۈر خەتەردىن قۇتۇلغان، ئەمما ئۇ ئۆرۈلۈپ كەتكەن ھارۋىنىڭ ئاستىدا قالغان. ئېغىر يارىلانغانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 21 يېشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

لىيۇ يىڭجۈن قۇربان بولغاندىن كېيىن تۇرۇشلۇق قىسىم پارتكومى ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەسمىي ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلغان. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى سابىق باش سىياسىي بۇسى پۈتۈن ئارمىيەگە لىيۇ يىڭجۈندىن ئۆگىنىش توغرىسىدا چاقىرىق قىلغان. جامۇس شەھىرى لىيۇ يىڭجۈن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى سالغان. چاڭچۈن شەھەرلىك ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيىدا قۇربان لىيۇ يىڭجۈننىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىخانىسى بار.

بۈگۈنكى كۈندە، لىيۇ يىڭجۈن ئەسلىي تۇرۇشلۇق جايغا «يىڭجۈن مەھەللىسى» دەپ نام بېرىلگەن، ئەرداۋ رايونى بالباۋ يىڭجۈن مەھەللىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ شۇياڭ مۇنداق دېدى: «قۇربان لىيۇ يىڭجۈننىڭ روھى باشتىن ـ ئاخىر بىزنى ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، بىز قۇربان لىيۇ يىڭجۈنگە ئوخشاش خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۈيۈك سۆيگۈگە، ئاددىي ئىش ئورنىدا ئۆزىنى بېغىشلاشنى خالايدىغان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغانلارغا موھتاج!»

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)